# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمنى ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قۇرئان كەرىمدىن سۈرە ئۆگەتكەندەك تەشەھھۇتنى ئۆگەتتى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمنى ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قۇرئان كەرىمدىن سۈرە ئۆگەتكەندەك تەشەھھۇتنى ئۆگەتتى:«التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ». بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ لەپزىدە:« ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تىنچلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا: التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ» دېسە، بۇ سۆز ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەر بىر سالىھ بەندىگە يېتىدۇ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» دەپ بولغاندىن كېيىن خالىغان دۇئا-تىلەكلەرنى دېسە بولىدۇ.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نامازدا دېيىلىدىغان تەشەھھۇتنى تەلىم بەردى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، تەشەھھۇتنى خۇددى قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك ئۆگۈتىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەشەھھۇتنىڭ لەپزى ۋە مەنىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھۆرمەت، ئۇلۇغلاش ئاللاھ ئۈچۈندۇر»: ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. نامازلار: ئۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىنىدىغان پەرز ۋە نەپلە نامازلاردۇر. پاكلىقلار: ئۇ: سۆزلەردىن بولسۇن، ئىش-ھەرىكەتلەردىن بولسۇن، مۇكەممەللىكنى بىلدۈرىدىغان پاك سۈپەتلەر بولسۇن بۇنىڭ ھەممىسگە ئاللاھ تائالا ھەقلىقتۇر. «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكتى بولسۇن»: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بارلىق بالايى-ئاپەت ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلاردىن سالامەتلىك تىلەپ، ياخشىلىقنىڭ كۆپ ۋە زىيادە بولىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتۇر. «بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالامەتلىك بولسۇن»: ناماز ئادا قىلغۇچى ۋە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلىش. «ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن»: كەسكىن جەزىم قىلىپ ئىقرار قىلىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر. «ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر»: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئادا قىلغۇچىنى ئۆزى خالىغان دۇئالارنى تاللاپ قىلىشقا قىزىقتۇردى.